ئىيۇل 2024
ئومۇمىي 48 - سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## شى جىنپىڭغا
## تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى

ئۇيغۇرلار خىتاي
ئاققۇنلىرىنىڭ
ئىشلەمچىلىرىگە
ئايلىنىپ قالماقتا

9-بەت

مىسىرلىق يۇتۇبىر:
ئۇيغۇر
مۇسۇلمانلىرى
نەگە كەتتى؟

21-بەت

خىتاينىڭ
جىنايەتلىرىنى
پاش قىلغان
گۇۋاھچىلارغا
تەھدىت
سېلىنغانلىقى
ئاشكارىلاندى

57-بەت



ISTIQLAL



## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



# ISTIQLAL


## باش مۇھەررىر
ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

## تەھرىر
ي. قۇرۇم

## لايىھەلىگۈچى
ئا. ئوغۇز

## كارىكاتۇر
رادۋا ئادىل

## نەشر قىلغۇچى ئورۇن
شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

## نەشر تۈرى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

## ئادرېس
Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL


CCP
POLICE
中国による
2009.7.5ウルムチ虐殺
15周年抗議デモ
بەت
1


WHERE IS MY FAMILY?
MISSING SINCE MAY 2017
بەت
57


ذهبوا مسلمين الايغور؟
بەت
21


FLORIDA
Champion
بەت
33


بەت
53

1 شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (9)

5 «كۆك ھىلال خانىم-قىزلار كەسپىي تەرەققىيات مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

9 ئۇيغۇرلار خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئىشلەمچىلىرىگە ئايلىنىپ قالماقتا

11 دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى خاتىرىلەندى

19 ب د ت دا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى

21 مىسىرلىق يۇتۇبېر: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نەگە كەتتى؟

27 خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرماقتا

29 شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى

31 ئارگېنتىنا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى

33 تۈركىيەدىكى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى

35 خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇشى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

39 يېڭى دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىش جىنايىتى پاش قىلىندى

43 تاشكەنتتە ياشاۋاتقان 37 ياشلىق ئۇيغۇر پىروفېسسور ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلدى

45 خىتاي پەلەستىن مەسىلىسى ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن قاچماقتا

49 شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاندا بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزدى

51 شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (10)

53 شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ئۇيغۇر: ۋەتەنگە قايتقانغا مىڭ پۇشايمان

57 خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان گۇۋاھچىلارغا تەھدىت سېلىنغانلىقى ئاشكارىلاندى

61 شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (11)






# شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (9)

**شەرقىي تۈركىستاندىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر شاھىت خەۋەر بۆلۈمىمىزگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.**

*مەزكۇر خەۋەر «شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى» سەرلەۋھەلىك چاتما خەۋەر قاتارىدا بېرىلىدۇ.*

مەزكۇر شاھىت خىتاينىڭ يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ساختا تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تېررور سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇيغۇرلارنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرىغا سولاپ قىرغىن قىلىشنىڭ ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىچكى جەھەتتە ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن چىڭ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى گۇناھسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، بىر ئەتراپىدا قاماقخانىدا ياتقان. ئۇ تۇتقۇن جەريانىدا ئاجايىپ غەلىتە ئىشلارنى كۆرگەنلىكىنى




ئاشكارىلىغان. مەسىلەن: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش مەقسىتىدە چىقارغان قانۇنىدا تۇتقۇن قىلىنغان بىر ئۇيغۇرنى تۆت يىل جازالاش بېكىتىلگەن بولسا، سوتچى ئۇنىڭغا 14 يىللىق جازا ھۆكۈم قىلغان. خىتاي قانۇنىدا بەش يىل جازالاش بېكىتىلگەن ئۇيغۇرغا سوت دائىرىلىرى 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان. دېمەك ھەرقانداق ئۇيغۇرغا خىتاي قانۇنىغا ئاساسەن ئۆلچەنگەن جازا قانچە يىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۈرمىگە قاماپ يوقىتىش رەزىل مەقسىتىدە خىتاي قانۇنىدا بېرىلگەن جازانىڭ ئۈستىگە بىردەك 10 يىل قوشۇپ جازالىغان.

ئۇيغۇرلار خىتاي قانۇنىدا بېكىتىلگەن جازادىن نەچچە ھەسسە كۆپەيتىلىپ تۈرمىگە قامالغان.

شاھىت يەنە خىتاينىڭ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساسەن قىرىۋەتكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئۆلىمالار، زىيالىيلار، ئىگىلىك تىكلىگەن سودىگەرلەرنى، شۇنداقلا خىتايغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئېھتىماللىقى

بار دەپ قارالغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك دېمەستىن، ھەر خىل باھانىلەر بىلەن 15 يىلدىن ئارتۇق كېسىۋەتكەنلىكىنى، نۆۋەتتە جەمئىيەتتە قالغانلار ئاساسەن ئاجىز، بىر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، خىتاي نېمە دېسە شۇنىڭغا كۆنىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرگە قازاقلارنىمۇ جازالاپ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان ئىچكى جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە چىڭ ئىكەنلىكىنى، ۋەزىيەت ھەققىدە نارازىلىق ئۇچۇر يوللاش ئەمەس، بەلكى گەپ-سۆزدە خاتالاشقان ئۇيغۇرلارنى ساقچىخانىغا چاقىرتىپ ئاۋارە قىلىۋاتقانلىقىنى، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىش ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىل





داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شاھىت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ: «گەرچە خىتاي يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى تاشقى كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما كونترول ۋە تەقىب بەك قاتتىق بولماقتا. تور ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى قاتتىق كونترول قىلىنىۋاتماقتا» دېگەننى تەكىتلىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشتىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئىكەنلىكىنى، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

**“ ئۇيغۇرلار خىتاي قانۇنىدا بېكىتىلگەن جازادىن نەچچە ھەسسە كۆپەيتىلىپ تۈرمىگە قامالغان.**

# كۆك ھىلال خانىم-قىزلار كەسپىي تەرەققىيات مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە قۇرۇپ چىققان «كۆك ھىلال خانىم-قىزلار كەسپىي تەرەققىيات مەركىزى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 2 -ئىيۇل ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدا ئۆتكۈزۈلدى.



مۇراسىم سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئالدى بىلەن كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم ئەزىزئوغلى ئېچىلىش سۆز قىلدى. مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلغان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا قاتارلىق تەشكىلات رەھبەرلىرى، شۇنداقلا Zaila Collection نىڭ مەسئۇللىرىدىن لىسا ۋىلوگ خانىم قاتارلىقلار سۆز قىلدى.

**بۇ قېتىم كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى باش ئىشتابى ئامېرىكىغا جايلاشقان، پايدا ئالمايدىغان كىيىم-كېچەك ماركىسى Zaila Collection بىلەن ھەمكارلاشتى.**

كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى ھەرقايسى ئىنسانىي






ياردەم تەشكىلاتلىرى ۋە ۋەقفىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەر ساھەدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ كەلگەندى.

بۇ قېتىم كۆك ھىلال ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى باش ئىشتابى ئامېرىكىغا جايلاشقان، ئېھتىياجلىق ئاياللارغا ياردەم بېرىشنى باش نىشان قىلغان، پايدا ئالمايدىغان كىيىم-كېچەك ماركىسى Zaila Collection بىلەن






ھەمكارلىشىپ، «ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ كەسىپ ئۆگىنىپ، ئىگىلىك تىكلەش تەشەببۇسكارلىقىنى قوللاش لايىھەسى» بويىچە، «كۆك ھىلال خانىم-قىزلار كەسپىي تەرەققىيات مەركىزى»نى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى.

جەمئىيەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېلانىدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئائىلە شارائىتىنى ياخشىلاش ئارزۇسى بار خانىم-قىزلاردىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، يولدىشى ۋاپات بولغان ياكى ۋەتەندە قېلىپ ئالاقىسى ئۈزۈلگەنلىك سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا قالغان خانىم-قىزلارنى ئىشقا ئېلىش قاتارلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەندى.

بىلدۈرۈشچە، مەركەز ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان سەفاكۆي رايونىنىڭ مەركىزىگە ئېچىلغان بولۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ دەسلەپكى مائاشى تۈركىيەدىكى ھەرقانداق بىر تىككۈچىلىك ئورنىنىڭ نورمال مائاشىدىن يۇقىرى بولىدىكەن. خىزمەت ئۈنۈمى ياخشى بولغان خىزمەتچىلەرگە تۈرلۈك مۇكاپات ۋە ھەرخىل قوشۇمچە ياردەملەر تەمىنلىنىدىكەن، يېتىم باللىرى بولغان، ئائىلە جان سانى كۆپ خانىم-قىزلار ئالدىن قوبۇل قىلىنىدىكەن. ئۇنىدىن باشقا، كېيىنكى باسقۇچلاردا تىككۈچىلىك تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن.



# ئۇيغۇرلار خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئىشلەمچىلىرىگە ئايلىنىپ قالماقتا




**ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقىلىۋاتقان سىنلار خىتاي رېجىمى بىلەن ھەمكارلاشقان خىتاي شىركەتلىرى ۋە خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلماقتا.**

لاگېر شاھىتى زۇمرەت خانىم ھەمبەھىرلىگەن بىر قانچە سىندا خىتاي شىركەتلىرى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان يۈزلىگەن ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ قاتتىق نازارىتى بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقى، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئۇلارنى قوپال مۇئامىلە بىلەن باشقۇرۇۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان.

بىر سىندا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئېتىزدا قوناق ئوتاۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنى ئەمگەككە سېلىۋاتقان خىتاي قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ: «ياخشى ئىشلەش! ھەممىڭگە قاراپ تۇرىمىز، قايسى ئايال ياخشى ئىشلىمىسە ھەيدىۋېتىمەن. بۇ

چاقچاق ئەمەس، ھەممىنى ئۈزۈپ بولۇش!» دەپ بۇيرۇق قىلغان.



يەنە بىر سىندا تېخى ئالەم يورۇمىغان بىر پەيتتە، سىنغا ئالغان خىتاينىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىز-ئاياللار بولغان ئۇيغۇرلارغا قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق قىلىپ، قوناقلىقتا ئىش تەقسىملەۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. خىتاي: «ئىشلەيدىغانلار يېتىشمەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، قورچاق كادىرلار ئىشلەيدىغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، داۋامىنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارغا ئىشلەمچى بولۇش ئۈچۈن كېلىدىغان خىتاي ئاققۇنلىرى بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سالماقتا.**

مەزكۇر سىنلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىپ، ئۇيغۇرلارنى غەزەپلەندۈردى ۋە قايغۇغا سالدى. بىر قىسىم ئىنكاسلاردا ئەينى ۋاقىتتا خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىشلەمچى بولۇش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى، بۈگۈنگە كەلگەندە ئاققۇن خىتايلارنىڭ بۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى خورلىغان ھالدا ئىشلىتىۋاتقانلىقى قەيت قىلىندى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرىكى زامانلار خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئېتىزلىرىدا ئىشقا سېلىۋاتقان، مۇنبەت تۇپراقلارنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتە خىتايلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىشلەمچىلەر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى خاتىرىلەندى




بۇندىن 15 يىل بۇرۇنقى 5-ئىيۇلدا يۈز بەرگەن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش، شېھىتلەرنى ياد ئېتىش، خىتاي نۆۋەتتە ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ۋە كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.



بۇ نامايىش خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا يىغىلغان، مەيداننى لىق توشقۇزغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە تۈركىيە خەلقى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى لەپىلدەتكىنچە، خىتاينىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىكى ۋەھشىيانە باستۇرۇشىغا ۋە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى شوئارلارنى توۋلاشتى. نامايىشتا 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىنىڭ ئېسپاتلىق سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلار كۆتۈرۈلۈپ، مەيدانغا يىغىلغان مۇخبىرلارغا خىتاينىڭ قانلىق باستۇرۇشى نامايان قىلىندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئالدى بىلەن بايانات ئوقۇدى. ئۇ ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان شاۋگۇەن قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، خىتاينىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش تېررور سىياستى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي كۈچى ۋە سىياسىي

تەسىرى ئارقىلىق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئاۋاز چىقىرىشىغا تۇسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىلى تۇرغۇزۇشقا، خەلقئارالىق تاراتقۇلارنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئىلىم ۋە پىكىر تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئىھسان شەنئوجاق سۆز قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن 15 يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىختىكى شانلىق كۈرەش ھاياتىنى ئەسلىتىپ، شۇنچە ئېغىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاستىدىمۇ خىتاينىڭ مۇنتىزىم ھەربىي كۈچگە قارشى



باش ئەگمەي قارشىلىق كۆرستىپ كەلگەنلىكىنى مەدھىيەلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىپ ختايغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ختاينىڭ ئۆز ھەربىي كۈچىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئەمما شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، ئاخىرىدا چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن سىيەر ۋەقفى رەئىسى ئۇستاز مۇھەممەد ئەمىن يىلدىرىم سۆز قىلدى. ئۇ زالىملارنى ۋە زۇلۇمنى ئۇنۇتماسلىق كېرەكلىكىنى، زالىم ۋە زۇلۇم ئۇنتۇلغانسېرى زۇلۇمنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بارلىق نامايىشچىلارنى جاراڭلىق ھالدا «تەكبىرى تەشرىق» ئوقۇپ، زالىمغا قارشى مەزلۇمنىڭ يېنىدا تۇرۇش ئىرادىسىنى نامايەندە قىلىشقا يېتەكلىدى ھەمدە ختاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا زالىمغا قارشى تۇرغانلىقىغا ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى،






ئاللاھتىن زالىملاردىن قىساس ئېلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ ۋەھشىي جىنايەتكە سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تۈركىي دۆلەتلەرنى خىتايدىن ئاگاھلاندۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى ئەندەلۇسقا ئايلىنىپ قالغان تەقدىردە، خىتاينىڭ ئىشغالىيەت نۆۋىتىنىڭ باشقا تۈركىي دۆلەتلەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلدى. ئۇ خىتاينىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياستى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق پەلەستىندىكى ئەھۋالدىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى، خىتاي ئەقەللىيسى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى ئۆتكۈزۈشكە، ھەتتا مۇسۇلمانچە سالام قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، بۇنىڭدەك بىر قارا كۈچنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا دوكتور ئېھسان شەنئوجاقنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ




ختاينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشى، ختاينىڭ شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق زالىملارنىڭ ھالاكىتى، غەززە خەلقىنىڭمۇ زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقتىن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.

**دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەر يىلقىدەك 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنى نامايىش ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلىدى.**

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ئۇنتۇلماس كۈننى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خاتىرىلىدى.

ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادلەيد شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ 5-ئىيۇل ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ختاينىڭ ئادلەيد شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلغان. نامايىشتا ختاينىڭ 15 يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىدە ئىجرا قىلغان قىرغىنچىلىقى قايتا ئەسلەپ ئۆتۈلگەن.

ئەنگلىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ختاينىڭ لوندوندىكى ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، 2009 -يىلى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ۋەھشىيانە قەتلىئامنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن.

5-ئىيۇل ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ختاينىڭ توكيودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلغان. نامايىشتا ختايلار سادىر قىلغان ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى كىشىلەرگە ئەسلىتىلگەن ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى

توختىتىشقا چاقىرغان.

ئۇندىن باشقا، 5 ـ ئىيۇل ئۇيغۇر ئاكادېمىكلار، ژۇرنالىستلار، سىياسەتچىلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن، ئەنقەرەدە «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى: تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى» تېمىسىدىكى مۇزاكىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئامستېردامدىكى دام مەيدانىدا 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەپ نامايىش ئورۇنلاشتۇرغان.

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار 5 ـ ئىيۇل جالالئاباد ۋىلايىتىدە خىتاينىڭ بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن سادىر قىلغان ئۈرۈمچىدە قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزگەن. يىغىلىشتا ئۆز ۋاقتىدىكى خىتاينىڭ قەتلىئامى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىنغان.

بۇلاردىن سىرت، يەنە كۆپلىگەن دۆلەتلەردە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى



قىرغىنچىلىقنى خاتىرلەش نامايىشى ۋە تۈرلۈك يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلگەن.

ئۈرۈمچىدىن تارقىتىلغان بىر سىندا ئاشكارىلىنىشچە، خىتاي 5-ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچىنى ھەربىي ھالەت دەرىجىسىدە نازارەت، كونترول قىلىغان بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى يوللار بىرونېۋىك، ساقچى ماشىنىلىرى، قوراللىق ئەسكەر بىلەن تولغان. قاتار تىزىلىپ ماڭغان ساقچى ماشىنىلىرى ھەيۋە كۆرسىتىپ، خەلقنى قورقۇتۇشقا ئۇرۇنغان.





# ب د ت دا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى

**خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى خاتىرىسى 4 - ئىيۇل ب د ت دا مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، بەزى دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار خىتاينى قاتتىق تەنقىد قىلغان. يەنە بەزىلەر دۆلەتلەر خىتاينى ماختىغان.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، 4-ئىيۇل ب د ت دا خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، بىر سائەتلىك قەرەللىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا، خىتاينىڭ زور ساندىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشقۇچىلارغا ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئەمما غەرب دۆلەتلىرى بەرگەن كۆپ قىسىم تەۋسىيەلەرنى قەتئىي رەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي ب د ت يىغىنىدا بۇرۇنقىدەكلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلدى.

خىتاينىڭ ب د ت جەنۋە باش ئىشتابىدىكى ئەلچىسى چېن شۈ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ: «سىياسىي مەقسەتتىن كېلىپ چىققان ھەمدە يالغان ئۇچۇرغا ئاساسلانغان بىر تەرەپلىمە ئىدېئولوگىيەلىك قاراش ياكى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئارىلىشىدىغان بەزى تەۋسىيەلەرنى خىتاي قەتئىي رەت قىلدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

مۇزاكىرە يىغىنىدا بىر قانچە دۆلەت ۋە تەشكىلات



خىتاي تەرەپنىڭ پوزىتسىيەسىگە رەددىيە بەرگەن، ئەمما يىغىنىنىڭ قۇرۇلمىسى سەۋەبلىك تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە تەشكىلاتلار خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى خاتىرىسىنى ماختىغان.

كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئىزچىل ھالدا قوللىغۇچىلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن تەقسىم قىلىنغان سۆز قىلىش ۋاقتىنى خىتاينى ماختاش بىلەن تولدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. پەيشەنبە كۈندىكى مۇزاكىرىدە خىتايغا بىر سائەتلىك سۆزلەش ۋاقتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، باشقا دۆلەتلەر ۋە ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان تەشكىلاتلارغا جەمئىي 20 مىنۇتلا سۆزلەش ۋاقتى بېرىلگەن.

ئامېرىكا ئەلچىسى مىشېل تايلور: «خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىنى ھۆرمەت قىلىشقا توختىماي چاقىرىق قىلىشىغا قارىماي، خىتاي ھەرىكەت قوللىنىشنى رەت قىلدى ۋە قەرەللىك ئومۇمىي تەكشۈرۈشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەۋسىيەلەرنى رەت قىلدى» دېگەن. ئۇ يەنە شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن.

ئەنگلىيە ئەلچىسى سايمون مانلى خىتاينى ئەيىبلەپ: «خىتاي بۈگۈن ئەنگلىيەنىڭ ھەر بىر تەۋسىيەسىنى رەت قىلدى» دېگەن ۋە خىتاينىڭ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغانلىقىنى ۋە يەنە بىر قېتىم (ب د ت نىڭ) شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى نوپۇزلۇق باھالاش دوكلاتىنى قانۇنسىز، ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ئەمما رېئاللىقنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن.

رۇسىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىلى بولسا خىتاينىڭ قەرەللىك ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش مەسىلىسىگە «ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولغانلىقى»نى ماختىغان.

# مىسىرلىق يۇتۇبېر: ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى نەگە كەتتى؟




**مىسىرلىق يۇتۇبېر ئەھمەد ئەلبەدەۋىي شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە ئىسلام دۇنياسى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.**

يۇتۇب قانىلىدا 800 مىڭغا يېقىن ئەگەشكۈچىسى بار مىسىرلىق يۇتۇبېر ئەھمەد ئەلبەدەۋىي 6-ئىيۇل «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەقىقىي

ھاياتىنى ئىنقىلدىم» ناملىق زىيارەت فىلىمىنى تارقاتقان بولۇپ، فىلىم ئارقىلىق نۆۋەتتە خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان ئاتالمىش «ئۇيغۇرلار كىشىلىك ھوقۇقى كاپالەت قىلىنغان ھالدا بەھۇزۇر ياشىماقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى» دېگەن تەشۋىقاتلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئىسلام ئەللىرىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى پاش قىلغان.

**شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مىسىرلىق يۇتۇبېر خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.**

فىلىمدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەھمەد ئەلبەدەۋىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بەش سائەت ئۇچۇپ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. كۆرۈرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى ئەھمەد بەدەۋىي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن بىرى بولۇپ، ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا يېقىنقى يىللاردا خىتاينىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقى، ئۇيغۇر بولغانلىقى سەۋەبلىك تۈرمە ۋە جازا لاگېرىغا سولانغانلىقىنى، كىشىلەر ئالدىدا ياكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېتىقادىنى ئاشكارىلاپ سالغانلارنىڭ تۇتقۇن



قىلىنىدىغانلىقىنى، قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن ھاياتى تەقىب ۋە نازارەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بارلىق شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا تېررور مۇئامىلىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈرمەنلەرگە ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتكەن.

ئەھمەد ئەلبەدەۋىي شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە، بۇندىن ئىلگىرىكى كۆپ سانلىق زىيارەتچىلەردەك خىتاي كۆز بوياش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ساختا ئۇسۇل مەيدانلىرى، ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن ياساپ چىققان كۆرگەزمىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمەلىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە مەسچىتلەرنى ئارىلاپ ئەھۋال ئىگىلەشكە، ئامال بار ئۇيغۇرلار بىلەن پاراڭلىشىشقا تىرىشقان.

ئۇ بۇ جەرياندا كۆپ سانلىق زىيارەتچىلەر بايقىيالمىغان ياكى قەستەن كۆرمەسكە سالغان، خىتاي ئىزچىل يوشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەت ئالداش ئۈچۈن چاقماي قويۇپ قويغان مەسچىتلەرنىڭمۇ ئاساسەن دېگۈدەك تاقالغانلىقىنى، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئىبادەتلىرىنى چەكلىگەنلىكى سەۋەبلىك ئاشكارا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلماننىڭ قالمىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ سالام قىلىشتىنمۇ چەكلىنىشتەك دۇنيادا مىسلى





كۆرۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى خەلقئاراغا ئاشكارىلىغان.

ئۇنىڭ مەزكۇر ۋىدىيوسى ئۈچ كۈن ئىچىدە 200 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلگەن، نەچچە مىڭلىغان ئىنكاسلار يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىنستىگرام قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدىمۇ ئەگەشكۈچىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە دىققەت قوزغىغان.

**ئەھمەد بەدەۋىي ئۈرۈمچىدە تۇرغان 48 سائەت جەريانىدا ناماز ئوقۇغۇدەك مەسچىت تاپالمىغانلىقىنى بىلدۈردى.**

ئەھمەد بەدەۋىي ئۈرۈمچىدە كېتىۋېتىپ، تۇڭگانلارنىڭ چېقىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان جەنۇبىي چوڭ مەسچىتىنى كۆرگەن. ئەھمەد بەدەۋىي مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، بىراق مەسچىت تاقىۋېتىلگەن بولغاچقا كىرەلمىگەن.

ئەھمەد بەدەۋىي ئۈرۈمچى چوڭ بازاردىكى بىر ئاشخانىدا بىر ئۇيغۇر بىلەن ئەھۋاللاشقان بولۇپ: «سىز مۇسۇلمانمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇيغۇر كىشى بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

ئەھمەد بەدەۋىي ئۈرۈمچىدە يەنە خىتاي ھەر دائىم تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە شەرقىي








تۈركىستانغا زىيارەت بارغان ئەمەلدار ۋە مۇخبىرلارغا كۆرسىتىش ئارقىلىق، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئۈچۈن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر دۆڭكۆۋرۈك مەسچىتىنىڭمۇ تاقاق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ مەسچىتنى زىيارەت قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق مەسچىتنىڭ تاقۋېتىلگەنلىكىنى بايقىغان.

ئەھمەد بەدەۋىي يەنە ئۈرۈمچىدىكى ھەممىگە تونۇشلۇق ئاق مەسچىتتە ناماز ئوقۇش چەكلەنگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئاق مەسچىتنى كۆرگەن ۋە مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ تاقاق ئىشىكىنى چەككەن. مەسچىتنىڭ ئىچىدىن بىر ياشانغان ئۇيغۇر چىققان. ئەھمەد بەدەۋىي ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، ناماز ئوقۇۋېلىشنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىشى: «مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم، ئەمما بۇ يەردە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ» دېگەن ۋە ئۇدۇلدىكى بىر مەسچىتتە ۋە بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتىدە ناماز ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. گەرچە ئەھمەد ئۇ كىشى دەپ كۆرسەتكەن مەسچىتكە بارغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەسچىتنىڭمۇ تاقۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇ مەسچىت ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇيدىغانلىقى ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار نامازنىڭ ۋاقتى تېخى كەلمىدى، دېگەن باھانىلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا ئاتالمىش «شىنجاڭدا نەچچە مىڭلىغان مەسچىت بار، مۇسۇلمانلار دىنىي ئېتىقادىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشىماقتا» دېگەننى كۆچەپ تەشۋىق



قىلىدىغانلىقىنى، ئەمما مەسچىت چېقىش تېررور سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالغان مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاقاق ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

خىتاي يېقىنقى يىللاردا جىنايەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل ناملار بىلەن ئۈمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىن تەييارلانغان چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقىنى، دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تاشقى دۇنياغا جار سېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى.

ھالبۇكى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. ساق قالغان بىر قىسىم مەسچىتلەر قاۋاقخانا، چايخانا دېگەندەك باشقا پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇندىن باشقا دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلەنگەن بولۇپ، خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى.

ئەھمەد بەدەۋىيگە ئوخشاش خىتايغا سېتىلمىغان بىر قىسىم زىيارەتچىلەر قاتتىق نازارەت، چەكلىك ئىمكانىيەت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ۋەزىيىتىنى دۇنياغا كۆرسىتىپ، ئىنسانىي، دىنىي بۇرچىنى ئادا قىلماقتا.

# خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرماقتا



**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش»، «تەرەققىيات رايونىغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىش» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن چېقىش، ئۆزگەرتىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.**

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىم 10-ئىيۇل ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا تارقاتقان بىر سىندىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ يىلمۇ شەرقىي تۈركىستاندا تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى يېڭى بولۇشىغا قارىماي مەجبۇرىي چېقىشنى داۋاملاشتۇرغان.

مەزكۇر سىندا خىتاي مەجبۇرىي چاقماقچى بولغان ئۆينىڭ ئەسلى كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭغا قوشنا ئائىلىنىڭ ئۆيىنىڭ چېقىپ بولغاندىن كېيىنكى خارابىلىكلىرى كۆرسىتىلگەن. سىندا كۆرسىتىلىشىچە، مەجبۇرىي چېقىلماقچى ئىككى قەۋەتلىك ئۆي

ھەرخىل گۈزەل نەقىشلەر ۋە ئويمىلار بىلەن مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن، كۆركەم سىرلانغان بولۇپ، ئۆينىڭ سېلىنغىنىغا تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرىمۇ ئويما تۈۋرۈك بولۇپ، ئۆينىڭ تام، تورۇس ۋە لىملىرىنىڭ بېشىغا نەقىش ئويۇلغان. ھەتتا ئۆينىڭ ھويلىلىرىمۇ چىرايلىق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا ياسالغان. مەزكۇر سىنلار خىتاينىڭ دەۋا قىلىۋاتقىنىدەك ئاتالمىش «كونا، ئاجىز ئۆيلەرنى يېڭىلاپ سېلىش» ئەمەس، بەلكى يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىمۇ مەجبۇرىي چاقالانلىقىنى، ئۇيغۇر مەھەللىرىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي، دىنىي كىملىكىنى نامايان قىلىدىغان ئۆي، ھويلىلارنى كۆزدىن يوقاتماقتا.

سىندا تارقاتقان ئۆي ئىگىسى خىتايلارنىڭ ئاتالمىش «تەرەققىيات رايونىغا توغرا كېلىپ قالدى» دېگەن باھانە بىلەن ئۆيىنى چاقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى، بۇنى ئاڭلاپ كېچىدە ئۇخلىيالمىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۆي ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان بولۇپ، پۈتكىلى ئاران ئۈچ يىل بولغان يېڭى قورۇ ئۆي ئىكەن.

خىتاي تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى 2010 -يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «كەپىلىك مەھەللىلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىش» نامىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى چېقىپ ئۆزگەرتىشكە، ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، 2023 -يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي 49 مىڭ 662 يۈرۈش ئۆي ۋە رايوننى چېقىپ، خىتايچە ئۇسلۇبقا ئۆزگەرتكەن. 2023 -يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر-بازارلىرىدىكى جەمئىي 1 مىليون 797 مىڭدىن ئارتۇق ئۆي چېقىپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن غۇلجا ناھىيە بايتوقاي كەنتى چىغلىق مازار كەنتىدىمۇ خىتاي رېجىمىنىڭ بارلىق دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى رۇخسەتسىز تارتىۋېلىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سىن كۆرۈنۈشلىرىمۇ غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.



# شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى

**خەلقئارا پۇقرالار سوتى شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىدى.**

خەلقئارا پۇقرالار سوتى شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىدى.

خەلقئارا پۇقرالار سوتى 8-ئىيۇلدىن 12-ئىيۇلغىچە گوللاندىيەنىڭ دەنھاھ شەھىرىدە ئالاھىدە خىتاي سوت كوللېگىيەسى قۇرۇپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا قارىتىلغان ئەيىبلەشلەرنى تەھقىقلەپ چىققان. ئاخىرىدا شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىش، تەيۋەن خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا دەخلى قىلىش، تەيۋەن ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرى بېكىتىلگەن.

مەزكۇر سوتقا ئۇيغۇرلاردىن فىرانسىيەدە ياشاۋاتقان لاگېر شاھىتى گۈلباھار خاتىۋاجى، پائالىيەتچى ئابدۇرېھىم غېنى ئۇيغۇر، ئابدۇۋەلى ئايۇپ قاتارلىقلار، شۇنداقلا مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئادرىئان زېنز گۇۋاھلىق بەرگەن. ئۇندىن باشقا، سۈرگۈندىكى تىبەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى گېساڭ دورجى، جەنۇبىي موڭغۇلىيە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئېنخېباتۇ تاۋگچوگ ۋە خىتاي دېموكراتچىلىرىمۇ شى

جىنپىڭنىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن.

**شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان دۇنيا پۇقرالار سوتى ئۇنى ئەرز قىلىش ۋە قولغا ئېلىش ئۇچۇن يېتەرلىك قانۇنىي ئاساس تاپقانلىقىنى تەكىتلىدى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، دۇنيا پۇقرالار سوتى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بېكىتكەن ۋە شى جىنپىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇنى قولغا ئېلىشقا چاقىرغان. تۇتۇش بۇيرۇقىدا دۇنيا پۇقرالار سوتى شى جىنپىڭنى ئەرز قىلىش ۋە قولغا ئېلىش ئۇچۇن تۆۋەندىكىدەك يېتەرلىك قانۇنىي ئاساس تاپقانلىقىنى بايان قىلغان:

1. *تىبەتلەرگە قارىتا* ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىش: يەنى تىبەت ئۆسمۈرلىرىنى مەجبۇرىي يۆتكەش، *قاماققا ئېلىش ياكى باشقا* ئېغىر دەرىجىدە شەخسىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم *قىلىش*، تىبەت *پۇقرالىرىغا زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىقلارنى* ئۆز ئىچىگە *ئالىدۇ*.

2. *ئۇيغۇرلارغا قارىتا* ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلىش: يەنى *قاماققا* ئېلىش ياكى *باشقا* ئېغىر دەرىجىدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم *قىلىش*، قىيىن-*قىستاققا* ئېلىش، باسقۇنچىلىق ۋە جىنسىي زوراۋانلىق، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش، ئۇيغۇر *باللىرىنى* مەجبۇرىي يۆتكەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، زىيانكەشلىك *قىلىش*، ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش *قاتارلىقلارنى* ئۆز ئىچىگە *ئالىدۇ*.

سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دۇنيا پۇقرالار سوتى خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى شى جىنپىڭغا قارىتا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىشقا، رەسمىي سوتلاشنى باشلاشقا ۋە تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان.

مەلۇم بولۇشىچە، سوت ئېچىلىشتىن ئىلگىرى سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان گۇۋاھچىلارنىڭ بىر قىسمى خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى «قارا قوللىرى»نىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان.

# ئارگېنتىنا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى



**ئارگېنتىنا فېدېراتىپ سوت مەھكىمىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئارگېنتىنا فېدېراتىپ جىنايى ئىشلار ئالىي سوت مەھكىمىسى 11-ئىيۇل خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

لوندوندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى ئادۋوكاتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قارار ئىلگىرى بۇ ئىشنى ئارخىپتا ساقلاپ قويۇش ھەققىدىكى قارارىنى بىكار قىلغان بولۇپ، سوتنىڭ بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش تەرتىپىنى باشلىشى ئادالەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقان بىر قەدەم ئىكەن.

**ئارگېنتىنا رەسمىي سوت مەھكىمىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنى باھالاشنى تۈنجى بولۇپ قارار قىلغان.**

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە باشقا بىر قانچە دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت دەپ بېكىتكەنىدى. تەخمىنەن ئىككى يىل ئىلگىرى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە خۇلاسە دوكلات ئېلان قىلغانىدى. 2021-يىلى لوندوندا تۇرۇشلۇق مۇستەقىل خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى. ئۇندىن باشقا، گوللاندىيەدىكى خەلقئارا پۇقرالار سوتى 8-ئىيۇلدىن 12-ئىيۇلغىچە گوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھىرىدە ئالاھىدە خىتاي سوت كوللېگىيەسى قۇرۇپ، شى جىنپىڭنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن ئەيىبلىگەنىدى ۋە ئۇنىڭغا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغانىدى.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ھازىرغىچە ھېچقانداق دۆلەتنىڭ رەسمىي سوت مەھكىمىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى دەلىل-ئىسپاتلارنى باھالاپ باقمىغان. خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىزچىل تۈردە بۇ ئەيىبلەشلەرنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇنى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خىتايغا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغانلىقىنى دەۋا قىلدى.

ئارگېنتىنا فېدېراتىپ سوت مەھكىمىسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى ئۇيغۇرلار ۋە ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئالقىشلاندى.



# تۆركىيەدىكى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى






**17-ئىيۇل ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى زالىدا «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نىڭ تۆتىنچى نۆۋەتلىك ئۈمىد مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.**

پائالىيەت سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفى، ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تۈركىيەدىكى تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا (LGS) يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى.

**تۈركىيەنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى يىلدىن-يىلغا كۆپەيمەكتە.**

مۇراسىمدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەقفىنىڭ قۇرغۇچىسى دوتسېنت



دوكتور ئەركىن ئەكرەم، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىم،

ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەقفى رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان، سەلچۇق ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتور ئادىلجان ئەرئۇيغۇر قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

پائالىيەتتە بۇ يىل تۈركىيەدە تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچۈش ئىمتىھانىدا 497.5759 نومۇر ئالغان بىر ئوقۇغۇچى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالما ماركىلىق خاتىرە كومپيۇتېرى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولغان ئىككى ئوقۇغۇچىغا بىردىن HP ماركىلىق خاتىرە كومپيۇتېرى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى بولغان ئىككى ئوقۇغۇچىغا بىردىن ئايپەد مۇكاپات بېرىلدى.

ئۇندىن باشقا ئىمتىھاندىكى نومۇرى 400 دىن 420 گىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارغا 1000 لىرادىن نەق پۇل، نومۇرى 420 دىن 450 گىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارغا 2000 لىرادىن نەق پۇل، 450 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا 3000 لىرادىن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى.

ئۇندىن باشقا نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى، ئەۋلاد نەشرىياتى ۋە ئايخان مەدەنىيەت ۋە مائارىپ فوندى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلدى.



# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي باستۇرۇشى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى




**18-ئىيۇل ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان دىنىي بېسىم، ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى» ناملىق دوكلاتنى تونۇشتۇرۇش مۇراسىمى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.**

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار



بىرلىكنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇشلىرى، ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياسەتلىرى ۋە ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ھەققىدە لېكسىيەلەر سۆزلەندى.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئابدۇجېلىل قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئايرىم-ئايرىم ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئۇلار سۆزلىرىدە ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندىن بېرى باستۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، ختاينىڭ تېررور سىياستى ئېغىرلاشقانلىقى سەۋەبلىك، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىنىڭ بۇ جىنايەتلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتى تەييارلىغان «شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش، ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىسلامنى ختايچىلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى» سەرلەۋھەلىك دوكلاتنىڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى**



**كۆزىتىش جەمئىيىتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان كۆپلىگەن دوكلاتلارنى تەييارلىدى.**

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياستى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەزكۇر دوكلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارادا تېخىمۇ كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشكە ۋاستە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىسلام تارىخى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور، دوكتور ئېھسان سۈرەييا سىرما ئەپەندى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن تۈركىيە ياشلار ۋەقفى تاشقى ئالاقە مەسئۇلى ئوسمان كامىل باشئۆرەن سۆز قىلدى. ئۇ دوكلاتنى تەييارلىغان جەمئىيەت ۋە شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈشتە زور ئەھمىيەتى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن سېيەر ۋەقفىدىن مۇھەممەد ئەلى ئەلئوغلى سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن «دىنىي بېسىم ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكى» مەسىلىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، دىنىي



ۋە مىللىي جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك قەتلىئامغا يۈزلەنگەنلىكىنى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلىغان دىلارا گۆزەلدەرە خانىم، فېيزا پىنار قىلىچ خانىم، ئادۋوكات ھامىد ئاقىن قاتارلىق تەتقىقاتچى، يازغۇچىلار سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئاپتورلاردىن دوكلات ھەققىدە سوئال سورىدى. تەتقىقاتچىلار دوكلاتنى ئىلمىي ھالدا كەڭ دائىرىلىك تونۇشتۇردى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى ھەققىدە يېڭى ئۇچۇرلارنى بەردى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا، ئەنقەرە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم ۋە پروفېسسور دوكتور ياسىن ئاكتاي سەھنىگە تەكلىپ قىلىندى.

بۇ باسقۇچتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇش، ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش قاتارلىق تېررور سىياسەتلىرى تارىخىي نۇقتىدىن ھەمدە نۆۋەتتىكى رېئال ۋەزىيەت نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىندى. ئۇلار يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ دوكلات ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يىغىن ئاخىرىدا تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرگە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلىندى.

# يېڭى دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئائىلىسىدىن ئايرىش جىنايىتى پاش قىلىندى




**يېڭى ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئائىلىسىدىن تارتىۋېلىپ، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل جىنايىتى دەلىل-پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى.**

19-ئىيۇل تەتقىقات ئورگىنى «شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسال مەنپەئەت مەركىزى»نىڭ ئورگان تور بېتىدە «خىتايدا ئۇيغۇر

ئۆسمۈرلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشى» ناملىق دوكلات ئېلان قىلىندى. مەزكۇر دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي باستۇرۇش ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنى خىتايلاشتۇرۇش، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەقسىتىدە ئائىلىسىدىن تارتىۋالغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

مەزكۇر دوكلاتنى ئامېرىكا كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتور ماگنۇس فىسكېسىيۆ بىلەن مۇستەقىل تەتقىقاتچى رۇقىيە تۇردۇش خانىم بىرلىكتە تەييارلىغان بولۇپ، دوكلاتتا تارىختىكى كەڭ كۆلەمدە بالىلارنى تارتىۋېلىپ مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايىتىنىڭ نۆۋەتتە خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقانلىقى تەكىتلەنگەن. دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بالىلىرىنى نىشان قىلغان بىر قاتار زور كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى ئىجرا قىلغانلىقى، بۇ خىتاينىڭ رايوندىكى باستۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.








**دوكلاتتا ئۇيغۇر باللىرنى ئائىلىسىدىن تارتىۋېلىش جىنايىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ كۆچمەن-مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە تۇتىشىدىغانلىقى تەكىتلەندى.**

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى 2017-يىلى باشلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى 1949-يىلىدىن باشلانغان. خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر باللىرنى ئائىلىسىدىن تارتىۋېلىش ھەرىكىتى ئىلگىرى خىتاينىڭ كۆچمەن-مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە تۇتىشىدىكەن. خىتاينىڭ بۇ جىنايىتى يۈز مىڭلىغان باللارغا تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرنى ئاتالمىش «مەخسۇس مەكتەپ»، «دارىلئېتام»لارغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، تىلى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋەتكەنلىكى، ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىشىدىن چەكلىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماي خاتالاشقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى دۇمبالاش، قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن جازالانغان. يېقىندا بۇ ھەقتە ئىسپات بەرگەن گۇۋاھچىلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئۆز




مەدەنىيىتى، ئانا تىلىدىن ئايرىۋېتىلگەچكە، ئىككى يىل ئىچىدە ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ، ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغان.

بۇ دوكلاتتىكى خىتاينىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىنى باستۇرۇش، ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش جىنايىتى ھەققىدىكى دەلىل-ئىسپاتلار ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە گۇۋاھچىلارنىڭ بايانلىرى، ئاتالمىش «دارىلئېتام»دىكى قاراۋۇللارنىڭ سۈرەت ۋە سىنلىرى بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە خىتايدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلار، خىتاينىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرى ئاشكارىلىغان تەپسىلاتلار ئىسپات قىلىنغان.

ئاپتورلار بۇ دوكلاتنى 2023-يىلى27-ئۆكتەبىر كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى» دېگەن تېما بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىغان.

ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئېلان قىلىنغان دوكلاتلاردىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى جايلاردا بىكار قالغان ھۆكۈمەت بىنالىرى، تاقىۋېتىلگەن مەسچىت قاتارلىق ئورۇنلارغا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى سولاپ، «يەسلى» نامىدا بالىلار لاگېرى قىلغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى. خىتاي ئىزچىل تۈردە بۇ جىنايەتلىرىنى خەلقئارادىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، بالىلار لاگېرلىرىغا ئاتالمىش «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئانا تىلىدا سۆزلەشتىن چەكلەپ، تىلى تولۇق چىقىپ بولالمىغان نارەسىدە بالىلارنى ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلىمەكتە، ئۇلارنى مىللىي، دىنىي كىملىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، تامامەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا، بالىلار لاگېرلىرىنى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈشكە ئورۇنماقتا.

# تاشكەنتتە ياشاۋاتقان 73 ياشلىق ئۇيغۇر پروفېسسور ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلدى






**ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە ياشاۋاتقان 73 ياشلىق ئۇيغۇر پروفېسسور ئابدۇلئەھەت قاھاروف تۇران ئۆز ئۆيىدە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلغان.**

تاشكەنت ۋاقت گېزتىنىڭ 23-ئىيۇل خەۋەر قىلىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى پروفېسسور ئابدۇلئەھەد قاھاروف تۇران 18-ئىيۇل تاشكەنتنىڭ ئالمىزار رايونىدىكى تۇرالغۇسىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

18-ئىيۇل كەچ سائەت ئون ئەتراپىدا ئالمىزار رايونلۇق دائىرىلەر مەرھۇمنىڭ ئۆيىدىن شاۋقۇن-سۈرەن ئاۋازى ئاڭلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغان.

ئۇچۇرغا ئاساسەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشكىنى ئاچقان بولۇپ، ئۇنىڭ بالكونىدا 73



ياشلىق پىروفېسسور ئابدۇلئەھەتنىڭ بەدىنىنىڭ بىر نەچچە يېرى كېسىلگەن ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى بايقىغان.

ۋەقەدىن كېيىن جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلغان بولۇپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بويىچە ئەيىبلەنگەن. نۆۋەتتە جىنايەت گۇماندارىنىڭ پىروفېسسور ئابدۇلئەھەتنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلانماقتىكەن.

**نوپۇزلۇق ئاكادېمىك، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى پىروفېسسور ئابدۇلئەھەد قاھاروف تۇران ھايات ۋاقتىدا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيتى تەتقىقاتىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلەرنى سۇنغان بولۇپ، 2017 -يىلى «شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ سىرى»ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغاندى.**

مەرھۇم بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ سۆھبەت پىروگراممىسىغا قاتنىشىپ، «ئۇيغۇر تارىخىي ۋە يىپەك يولى» ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تارىخى» تېمىلىرىدا توختالغانىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى، خىزمەتلىرى، تەتقىقاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدى.

نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قارا قولىنى سۇنغان جىنايەتچىنىڭ ئېغىر جازالىنىشىنى، جىنايەتنىڭ پەردە ئارقىسىنى ئاشكارىلىنىشىنى كۈتۈۋاتقان بولۇپ، دېلونىڭ جەريانىنى يېقىندىن كۆزەتمەكتە.

# خىتاي پەلەستىن مەسىلىسى ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدىن قاچماقتا



**شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي پەلەستىن مەسىلىسىدە فاتاھ بىلەن ھاماس ئارىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇۋېلىش ئارقىلىق، ئەرەب-ئىسلام دۇنياسى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشچە، ھاماس، فاتاھ قاتارلىق پەلەستىن تەشكىلاتلىرىنىڭ 23-ئىيۇل بېيجىڭدا بايانات ئىمزالاپ، ئۇزۇن يىللىق كېلىشەلمەسلىك مەسىلىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مىللىي بىرلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇشقا كېلىشكەنلىكى ئېلان قىلىنغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار

مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋ نىڭنىڭ ئېيتىشىچە، پەلەستىندىكى 14 تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى 21-ئىيۇلدىن 23-ئىيۇلغىچە بېيجىڭدا كېلىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، سۆھبەتتە پەلەستىندىكى ھەر قايسى تەرەپلەر بۆلۈنۈشكە خاتىمە بېرىپ، پەلەستىن مىللىي بىرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدا «بېيجىڭ خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغان.

سۆھبەتكە قاتناشقان پەلەستىن مىللىي دەۋا رەئىسى مۇستاپا بارگوتىنىڭ ئېيتىشىچە، غەززەدىكى ئۇرۇش پەلەستىندىكى تەشكىلاتلارنى ئىسرائىلىيەگە قارشى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرغان بولۇپ، بارلىق تەشكىلاتلار پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىغا كىرىشكە قوشۇلغان.

نۆۋەتتە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان خىتاي پەلەستىن مەسىلىسىدە ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنماقتا.

ھاماس 2006-يىلدىن بۇيان غەززەنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيەسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، مۇداپىئە تونېلى ۋە مۇداپىئەلىنىش قورغىنى



قوْرغان بولوْپ، بوْ موْداپىئە تونېلىنى 2003-يىلىنىڭ بېشىدا كولاشقا باشلىغان. كېيىن بوْنى كېڭەيتىپ، ئەڭ چوڭ يەر ئاستى موْداپىئە ۋە هوْجوْم قەلئەسى قوْرغان. شوْنىڭ بىلەن هاماس ئىسرائىلىيەگە ئېغىر تەهدىت بولوْپ شەكىللەنگەن. گەرچە ئىسرائىلىيە بوْ تونېللارنى يوقىتىشنىڭ چارىلىرىنى كۆپ قېتىم ئويلاشقان بولسىموْ، ئەمما يەر ئاستى تونېلىنىڭ چوڭقوْرلوْقى ۋە موْرەككەپ خەرىتىسى ئىسرائىلىيەگە توسالغوْ پەيدا قىلغان.

پەلەستىنىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتى فاتاه قوْروْلغاندىن بېرى ئىسرائىلىيە بىلەن تىنچلىق سۆهبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق پەلەستىننى ئازاد قىلىشنى تەكىتلەپ كەلگەن بولسىموْ، بوْ تەشكىلاتنىڭ كونتروللوْقىدا تۇرۇۋاتقان باتى شەهرىيا، قوْدوْسنىڭ شەرقىي رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىموْ ئۆزلۈكسىز ناچارلاشقان. ئىسرائىلىيە بوْ رايونلارغا داۋاملىق يەهوْدىي كۆچمەنلىرىنى يەرلەشتۈرۈپ، نوْرغوْنلىغان پەلەستىن خەلقىنى رايوندىن سىقىپ چىقارغان.

پەلەستىنىدىكى ئىككى ئاساسلىق تەشكىلات هاماس بىلەن فاتاه ئوتتوْرىسىدا ئوْزوْندىن بوْيان سىياسەت ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئىختىلاپ بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئىككى تەرەپ ئوتتوْرىسىدا



نەچچە قېتىم توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ئىككى تەرەپ پەلەستىننى بىر ھاكىمىيەت ئاستىدا بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا كۆپ قېتىم تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ ئۈمىدى ئىشقا ئاشماي كەلگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ بۇ قېتىم پەلەستىن مەسىلىسىدە فاتاھ بىلەن ھاماس ئارىسىدا ياراشتۇرغۇچى بولۇۋېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە خەلقئارا جەمئىيەتنى، خۇسۇسەن ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆزىنى بوياش، تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ھەرىكەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دۇنياسىدا يۇمشاق كۈچىنى زورايتىۋاتقان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەنلىكىنى ياكى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى، دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى تولۇق چەكلىگەنلىكىنى، خەلقنى ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە



# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستاندا بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزدى



**شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرى يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىق-2024» ناملىق بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزگەن.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ 23-ئىيۇل خەۋەر قىلىشىچە، بۇ قېتىمقى مانېۋىر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە بىخەتەرلىك ھەمكارلىقى ساھەسىدە تۇنجى قېتىم بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرى بىرلىكتە تەشكىللىگەن، ئاتالمىش تېررورلۇققا قارشى ئەسكەر ۋە ساقچى قىسىملىرى قاتناشقان بىرلەشمە مانېۋىر ئىكەن.

**خەلقئارالىق بىرلەشمە مانېۋىرنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈلۈشى دىققەت قوزغىماقتا.**

خەۋەردە بۇ قېتىمقى مانېۋىرنىڭ خىتاي تەرەپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، مانېۋىردا ئاتالمىش «تېررورلۇق گۇرۇھلىرىنى تازىلاش تېررورلۇققا قارشى ئالاھىدە ھەرىكىتى» قاتارلىق تۈرلەر بېكىتىلگەنلىكى، ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىق

كۆچەيتىلىپ، رېئال جەڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلغانلىقى، شۇنداقلا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى كاتىباتلىقى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رايونلۇق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى ئىجرائىيە كومىتېتى قاتارلىق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مانېۋىرنى كۆزەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشچە، بۇ قېتىمقى مانېۋىر «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە مانېۋىر تەشكىللەش تەرتىپ كېلىشىمى» ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا تېررورلۇققا قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت تەشكىللەش تەرتىپ كېلىشىمى» قاتارلىق قانۇنىي ھۆججەتلەرنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەسئۇل ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەسكەر، ساقچىلارنى ئەۋەتىپ بىرلەشمە مانېۋىر ئۆتكۈزۈشتەك يېڭى ئۇسۇلنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى، بۇ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

خىتاي بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىمۇ بۇ ئاينىڭ بېشىدا «شۇڭقار قالقىنى-2024» ناملىق ھاۋا ئارمىيە بىرلەشمە مەشقىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزگەنىدى.

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 2001-يىلى 15-ئىيۇن شاڭخەيدە قۇرۇلغان بولۇپ، نۆۋەتتە بېلارۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون رەسمىي ئەزا دۆلىتى، ئىككى كۆزەتكۈچى دۆلەت ۋە 14 سۆھبەتلىشىش ھەمراھى بار. نۆۋەتتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەدرىجىي ھالدا سىياسىي ۋە خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى بولۇپ كېڭەيمەكتە. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقستى ئەزا دۆلەتلەر جايلاشقان رايونلاردا غەربنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشتىن-ئاخىر خىتاينىڭ رايوندىكى تەسىر كۈچىنى زورايتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.



# شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (10)

**شەرقىي تۈركىستاندىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر شاھىت خەۋەر بۆلۈمىمىزگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.**

*مەزكۇر خەۋەر «شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى» سەرلەۋھەلىك چاتما خەۋەر قاتارىدا بېرىلدى.*

مەزكۇر شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، نۆۋەتتە خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنتايىن مەخپىي ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئادەتتە يوشۇرۇن ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنى بايقىغان تەقدىردە، باشقا باھانىلەر ئارقىلىق تۇتقۇن قىلىپ جازالايدىكەن، ئۇلارنى ناماز ئوقۇغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى خىتاي خەلقئارادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادىتىنى چەكلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت تېررور سىياسىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

شاھىت شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: «خەلق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدى. ناماز ئوقۇش پۈتۈنلەي چەكلىنىپ، كىشىلەر




ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. چەت ئەل مۇخبىرلىرى ياكى ئالاقىدار چەت ئەل ئۆمەكلىرى زىيارەتكە كەلگەن ھامان يەرلىك ئەمەلدارلار شۇ ھامان دوپپا كىيىپ، مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇشقا تەشكىللەيدۇ. ئۇزۇندىن بېرى تاقالغان مەسچىت ئېچىلىدۇ، بۇيرۇق بويىچە ناماز ئوقۇش چەكلەنمىگەندەك ھالەتنى شەكىللەندۇرىمىز. كامېرالار بەس-بەستە سۈرەتكە تارتىپ، سىنغا ئالىدۇ. زىيارەتچىلەر قايتقاندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئەسلىگە قايتىدۇ. جۈملىدىن ئۈزۈممۇ ناماز ئوقۇمىغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتتى» دېدى.

شاھىت يەنە ختاي پۇقرالىرىنىڭمۇ ختاي كومپارتىيەسىگە بولغان نارازىلىقىنىڭ بارغانچە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، ئىلگىرى ختاي كومپارتىيەسى ھەققىدە نارازىلىق سۆزلەرنى قىلغان ھامان ختايلارنىڭ ساقچىلارغا چاقىدىغانلىقىنى، نۆۋەتتە ختايلارنىڭمۇ ختاي كومپارتىيەسىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئىلگىرى بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئاساسەن يوق ئىكەنلىكىنى، ختاي ئۆلكىلىرىدە ختاي كومپارتىيەسىگە قارشى نارازىلىق كۈچەيگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

كۆزەتكۈچىلەر ختاينىڭ يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا چەت ئەلدىن ھەر ساھە كىشىلىرىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشتىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئىكەنلىكىنى، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ئۇيغۇر:

## ۋەتەنگە قايتقانغا مىڭ پۇشايمان




يېقىندىن بېرى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى تۇغقانلىرىنى ۋاستە قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشقا ئۈندىگەن. ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، يېقىندا شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ خىتاي ياكى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى تەسۋىرلىگەندەك ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ۋەتەنگە قايتقىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان.

ئالدىنقى ھەپتە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان

بىر ئاۋازلىق ئۇچۇردا، خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ

ۋەتەنگە قايتقان بىر ئۇيغۇر قىز ئۆزىنىڭ دوستىغا ۋەتەنگە قايتقانلىقى ئۈچۈن

قىلغان پۇشايمانلىرىنى ئېغىر غەمگە پاتقان ھالدا سۆزلەپ بەرگەن.

شەرقىي تۈركىستانغا قايتقان ئۇيغۇر قىز ۋەزىيەتنىڭ ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇ ئاۋازلىق ئۇچۇردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئاشكارىلىغان: «بەزى ئىشلار ئىسىمغا كېلىۋېلىپ كەيپىياتىم پەقەت ياخشى ئەمەس. بەزى گەپلەرنى تېلېفوندا دېگىلى بولمىدى، بۇ ھەقتە بىر مەسلىھەت بەرسەڭ بولاتتى. مەن ۋەتەنگە بارمىغىلى 12 يىل بولغانىدى... ئاپام، دادامنىڭ ئاۋازىنى بەش يىل ئاڭلىيالمىدىم. كىشىلەردىن ۋەتەننىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكىدىن يۇمشاپتۇ دېگىننى ئاڭلىغانىدىم، بىر قانچە كىشىنىڭ ۋەتەنگە كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام بىلەن داداممۇ: كېلىڭ قىزىم، سىزنى بەك سېغىندۇق، ئىشلار بۇرۇنقىدەك ئەمەس، ياخشى بولۇپ كەتتى، چەت ئەللىكلەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرسىڭىز ئەمەلى ئەھۋالنى بىلىسىز، دېدى. ئۆزۈمچە ئاپام





بىلەن دادامۇ بىرەر خەتەر بولغان بولسا ھەرگىز بۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ ئاخىر ۋەتەنگە باردىم. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا بەك قورقۇپ كەتتىم. ئايرودۇرومدا ئۇيغۇرلارنى باشقىلارغا قارىغاندا قاتتىق تەكشۈرۈش ئەھۋالى يەنىلا بار ئىكەن. ئالدىمغا مەن تونۇيدىغان-تونۇمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، بەك كۆپ ئادەم چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا گۈللەرنى تۇتۇپ كەتتى. ئالدىمغا چىققانلار ئىچىدىكى بىر قانچە كىشى مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىكەن. ئۇلار مەن ئۆيدىن كەتكۈچە ئۆيۈمدە قونغاندىن باشقا، كۈندە نەچچە ئەمەلدار كېلىپ نۇرغۇن گەپلەرنى سورىدى، بۇ گەپلەرنى تېلېفوندا دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن كۆرۈشكەندە ساڭا دەپ بېرىمەن».

مەزكۇر ئۇيغۇر قىز ھازىر قاتتىق بېشى قېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇ ئۆيدىكى ۋاقىتتا خىتاي خادىملىرىنىڭ «ۋەتەندىكى ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شىنجاڭ خەلقى باي-باياشات ياشاۋېتىپتۇ، چەت ئەلدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە چىقىۋاتقان خەۋەر خىتاينى قارىلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان» دېگەندەك يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە قىستاپ تۇرۇۋالغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا نەۋرە ئاكىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىغانلىقىنى، ئۇ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ سىنىغا

چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، خىتاي خادىملىرىنىڭ: «سىز چەت ئەلنىڭ تەشۋىقاتىنى راستقا چىقىرىپ بىزنى قارىلىماقچىمۇ؟ بۇنىڭ قانداق چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ نۆۋەتتە خىتايغا ھېچكىم تەك كىلەلمەيدۇ، سىز كىمگە شۇنچە ئىشىنىۋاتىسىز؟ سىزگە بىرەر ئىش بولسا پاسپورت بەرگەن دۆلەتمۇ ئارىلىشالمايدۇ، ئۇنداق پاسپورتنى خالىساق ئەخلەتكە تاشلىۋېتىمىز» دەپ تەھدىت سالغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ، خىتاينىڭ دىگىنى بويىچە سىنغا چىقىپ يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۇ تەھدىت ۋاستىلىرى بىلەن خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىغا ماسلىشىشقا مەجبۇرلاندى.

ئۇ يەنە بۇ ھەقتىكى ئەندىشە ۋە پۇشايمانلىرىنى بايان قىلىپ: «مەن ۋەتەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىتاي ساقچىلىرى ماڭا ئۆزلىرى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، كۆندە ئۈچۈر قىلدى. ئالاقىنى ئۈزۈۋەتسەم بەرگەن يالغان گۇۋاھلىق ھەققىدىكى سىننى تورغا قويۇۋېتىشىدىن قورقتۇم. ئەگەر خىتاي سىننى قويۇۋېتىپ قالسا ھەممە ئادەم مىنى خائىن دەپ تىللاپ كېتەرمۇ؟ ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەرگە كېتىپ يوقاپلا كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن. ئالاقىنى ساقلاپ تۇراي دىسەم بىزنى شۇنچە ۋەيران قىلىۋاتقان خىتاينىڭ پايدىسىغا ئىشلەيدىغان جاسۇسقا ئايلىنىپ كېتەرمەنمۇ؟ بۇ مەسىلىنى تولا ئويلاپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، خىتاي ساقچىلىرى ئالاقە قىلىپ تۇرۇڭ، دەپ ئارقامغا كىرىۋالدى. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ قۇتۇلايمىكىن...» دىگەن.

يېقىنقى مەزگىللەردە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قايتىش مەسىلىسى مۇھاجىرەتتە غۇلغۇلا قوزغىغان تېمىلاردىن بىرى بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ بۇ خىل ھىيلە-مىكىر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قايتقان ئۇيغۇرلارنى تۈرلۈك شەرتلەر، تەھدىتلەر بىلەن ئۆزىگە خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلايدىغانلىقىنى تەكىتلەشمەكتە.

# خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان گۇۋاھچىلارغا تەھدىت سېلىنغانلىقى ئاشكارىلاندى







**يېقىندىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىش سەۋەبلىك، تۈرلۈك بېسىم ۋە جازالارغا دۇچ كەلدى.**

نەتىجىدە خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتى چۈشۈپ، ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئىقتىسادى چۈشۈشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولغان خىتاي ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن خەلقئارا سەھنىلەردە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان، خەلقئارالىق سوتلاردا گۇۋاھلىق بەرگەن شاھىت، گۇۋاھچىلارغا

تەھدىت سېلىش، بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئاشكارا بولماقتا.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ ئاۋازىنى بوغۇشقا ئۇرۇنغان رەزىل ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتى سۈپىتىدە گوللاندىيەدە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم غېنى ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ يېقىنقى يىللاردا، بولۇپمۇ بۇ يىل ئۇچرىغان كەچۈرمىشلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

خىتاي ئابدۇرېھىم ئەپەندىگە تەھدىت سېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سىن سوت مەھكىمىسىدە دەلىل-ئىسپاتقا ئايلاندى.

بۇ يىل 18-ئاپرېل ئابدۇرېھىم ئەپەندىگە نومۇرى كۆرۈنمەستىن تۇيۇقسىز تېلېفون كەلگەن. ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ توققۇز يىلدىن بېرى ھېچ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان چوڭ ئاكىسى ئابلىكىم غېنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ، ئىختىيارسىز كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىغان. ئاكىسى ئۇنىڭغا سىنلىق كۆرۈشۈشنى ئېيتقان. ئەتىسى ئاكىسى ئابلىكىم غېنى تېلېگرام ئەپ دېتالىدا سىنلىق تېلېفون قىلغان. ئەمەلىيەتتە تېلېگرام شەرقىي تۈركىستاندا چەكلەنگەن ئەپلەردىن بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئەپەندى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئاكىسىنى مەخسۇس تېلېفون قىلدۇرۇپ، ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرگەنلىكىنى پەملىگەن. ئاكا-ئۇكىلار قىسقىچە ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن،



ئابدۇرېھىم ئەپەندى ئاكىسىنىڭ قاپىقىنىڭ كۆكىرىپ قالغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ سەۋەبىنى سورىغان بولسىمۇ، بىراق ئاكىسى يىقىلىپ چۈشۈپ شىرەگە ئۇسۇۋالدىم، دەپ تۇرۇۋالغان. بۇلاردىن سىرت، ئاكىسىنىڭ چىرايىدىن بىرخىل قورقۇنچ كەيپىياتى چىقىپ تۇرغان بولۇپ، ئاكىسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا خىتايغا قارشى پائالىيەتكە قاتناشماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغان، ئارقىدىن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرايلى، دەپ ئۆتۈنگەن.

ئابدۇرېھىم ئەپەندى ئاكىسىغا: «مەن سىلەرگە نەچچە يىل تېلېفون قىلىپ، قەتئىي ئالاقىلىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەرنى خىتاي ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئىز-دېرىكىڭلارنى




قىلغانىدىم» دېگەن. ئاكىسى ئۇنىڭغا: «بىز بار، بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن تېلېفون ئىشلەتمىگەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاكىسى يەنە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، نامايىش پائالىيەتلىرىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئابدۇرېھىم ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىن ئاكىسى قىلغان تېلېفوننى ئالمىغان.

ئابدۇرېھىم ئەپەندى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى خەلقئارادا پاش قىلغان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ھەرىكىتىنى توختىتىش ئۈچۈن قىلغان تەھدىتلىرىنى ئاشكارىلاپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بۇ يىل 6-ئىيۇل ئامستېردامدا ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى خاتىرىلەپ نامايىش قىلىۋاتقانىدىم. تېلېگراممىدا قايسى بىر كىشى كۆپ قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، تېلېفوننى ئالمىدىم. كېيىن قارىسام ئاكام ماڭا ئاۋازلىق ئۇچۇر قالدۇرۇپ، دادامنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ھالىتى كۆرسىتىلگەن سىنىنى ئەۋەتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كۆز يېشىمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئاكام ئۇچۇرىدا ماڭا ئەتە ئېچىلماقچى بولغان شى جىنپىڭنى سوتلايدىغان

سوتقا قاتناشماسلىقنى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستانغا تۇغقانلىرىنى يوقلاشقا كېلىپ دادام بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى، ختاينىڭ ماڭا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ھەم ئاكامغىمۇ پاسپورت بېجىرىپ بېرىپ، گوللاندىيەگە چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە يارىدەم قىلىدىغانلىقىنى دەپتۇ. مەن ئاكامنىڭ ئۇچۇرىغا جاۋاب بەرمىدىم. ئاكام ماڭا يوللىغان بۇ ئۇچۇرنى 11-ئىيۇل ئېچىلغان پۇقرالار سوت مەھكىمىسىدە گۇۋاھلىق بەرگەندە سوتچى، ئادۋوكات ۋە تەپتىش خادىملارغا قويۇپ بەردىم. غايىب بولغان 19 ئۇرۇق-تۇغقىنىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغىلى يەتتە يىلدىن ئاشقان بىر مەزگىلدە، ختاينىڭ دادامنىڭ ئېغىر كېسەل ھالەتتە ياتقان سىننى يوللاش ئارقىلىق ماڭا روھىي جەھەتتىن بېسىم قىلىپ، بۇ سوتقا قاتناشماسلىققا بۇيرۇغانلىقى ھەققىدىكى دەلىل-ئىسپاتنى سوتقا بەردىم. شى جىنپىڭنى ئاقلايدىغان ئادۋوكات گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن ھەرخىل سوئاللارنى سورىغان بولسىمۇ، ئەمما مەندىن ھېچنېمە سورىمىدى. بەلكى مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، قولۇمنى سىقىپ، ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تەسەللى بەردى. مەن بۇ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىغان 19 ئۇرۇق-تۇغقىنىمنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر جانلىق ئۆرنىكى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدىم. ھەم ئائىلەمنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش يولىدا قىلغان پائالىيەتلىرىمنى، ھەتتا گوللاندىيە پادىشاھى، باش مىنىستىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە قەدەر خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق ختاي بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىمنى دەلىل-ئىسپات بىلەن كۆرسەتتىم».

ئابدۇرېھىم ئەپەندىنىڭ خەۋەر بۆلۈمىمىزگە ئاشكارىلىشىچە، ئۇ ئامستېردامدىكى دام مەيدانى ۋە ختاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش قىلىش جەريانىدا، بىر نەچچە قېتىم ختاينىڭ ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىغان.



# شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (11)

**شەرقىي تۈركىستاندىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر شاھىت خەۋەر بۆلۈمىمىزگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.**

*مەزكۇر خەۋەر «شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى» سەرلەۋھەلىك چاتما خەۋەر قاتارىدا بېرىلىدۇ.*

شاھىتنىڭ ئېيتىشىچە، ختاي ئىسلام دىنىنى، مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەن. گەرچە ئاز بىر قىسىم مەسچىتلەرنى چاقماي قالدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، بىراق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، بۇ مەسچىتلەردە نامار ئوقۇشنى چەكلەپ، مال بېسىپ، ئامبار قىلىپ ئىشلەتكەن ياكى پوچتىدىن كەلگەن يوسۇلكىلارنى ساقلايدىغان ئىسكىلاتلارغا ئۆزگەرتكەن. شاھىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندا تۆت مەسچىت بار بولۇپ، ختاي مەسچىتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك، كۆركەم بېزەلگەن ئۈچ مەسچىتنى چېقىۋەتكەن، كونىراپ قالغان بىر مەسچىتنى چاقماي قويۇپ قويغان. چېقىلمىغان مەسچىتنىڭ





ئىشىك ئالدىغا كىملىك تەكشۈرىدىغان ئۈسكۈنە ئورناتقان بولۇپ، ناماز ئوقۇماقچى بولسا كىملىك سۈركىگەندىن كېيىن ئاندىن كىرەلەيدىغان قىلىپ قويغان. خىتاي ناماز ئوقۇغانلارنى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن جازالايدىغان بولغاچقا، كىشىلەر كىملىك سۈركەپ مەسچىتكە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان. شاھىتنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۆزىمۇ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى مەسچىتكە كىرەلمىگەن.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، ناماز ئوقۇشنى چەكلىمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنى ھەر خىل باھانە ۋە تۆھمەتلەر بىلەن جازالاپ تۈرمە ياكى جازا لاگېرىغا قامىغان. بۇ سەۋەبلىك ھازىر مەسچىتكە كىرىدىغان كىشى قالمىغان. شاھىتنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق رايون شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتى مۇشۇ دەرىجىدە ئىكەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا چەت ئەلدىن ھەر ساھە كىشىلىرىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىشتىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئىكەنلىكىنى، پەلەستىن مەسىلىسىدە پەلەستىن خەلقىنى قوللىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نۆۋەتتە ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

خىتاي ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش،
مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والأعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

## شەرقىي تۈركىستاندا
## نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

**www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com**

IstiqlalTV    info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15    +90 553 895 19 33    +90 541 797 77 00